# ئاپتوردىن

قولىڭىزدىكى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى» ئىستىمالدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈزىتىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلەندى. بۇ «سۆزلۈك» نى ئىشلەشتە:

1. ھەر بىر بىرىكمە ئۈچۈن ئىزاھ بېرىلدى. شۇنداقلا ئىزاھلارنىڭ ئىخچام ۋە توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت قىلىندى.

2. ھەر بىر بىرىكمە ئۈچۈن بېرىلگەن ئىزاھلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىگە مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈلدى.

3. بىرىكمىلەرنىڭ مەنىداشلىرىنىڭ ئالدىنقىسى ئىزاھلاندى، كېيىنكىسى ئىزاھلانماي

ئالدىنقىسىغا ھاۋالە قىلىنىپ، مىسال بولسا
مىساللا بېرىلدى. مەسىلەن: «ئاغزى قۇلـ
قىغا يەتمەك = بېشى ئاسمانغا تاقاشماق»،
«ئالقاندا كۆتەرمەك = باشتا كۆتەرمەك»
دېگەنگە ئوخشاش.

4. «سۆزلۈك»كە تەرجىمە ئارقىلىق باشقا
تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بىرىكمىلەر ھا-
زىر ئىستىمالدا ئاكتىپ رول ئويناۋاتقانلىقى
ئۈچۈن، بۇنداق بىرىكمىلەرمۇ كىرگۈزۈلدى.
مەسىلەن: «كېسەلگە قاراپ دورا بەرمەك»،
«ئاتلىق يۈرۈپ گۈل كۆرمەك» دېگەنگە ئوخشاش.

5. ئوخشىتىش يولى بىلەن تۈزۈلگەن بىر
مۇنچە بىرىكمىلەرنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەر
لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقىتىپ، كۆچمە مەنىدە
كېلىپ، پۈتۈن بىر پىكىرنى بىلدۈرگەنلىكى
ئۈچۈن، بۇنداق بىرىكمىلەرمۇ «سۆزلۈك»كە
كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: «مۈشۈك پوقىنى يو-
شۇرغاندەك»، «جىن ئىسرىقتىن قاچقاندەك»،

«كەچ قالغان بازارچىدەك»، «مورىغا كىرىپ چىققاندەك» دىگەنلەرگە ئوخشاش.

6. «سۆزلۈك»كە 1700 دىن ئارتۇق تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى، ئىدىيوم، ماقال، تەمسىللەر كىرگۈزۈلدى.

7. «سۆزلۈك» ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يېڭى ئېلىپبەسى بويىچە تىزىلدى.

8. «سۆزلۈك»نى ئىشلەشتە «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېئولوگىك لۇغىتى» ھەم تۈركلەرنىڭ «ئاتالار سۆزى – سۆزلۈكى» دىگەن كىتاپلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

سەۋىيەم چەكلىك بولغىنى ئۈچۈن، «سۆزلۈك»نى ئىشلەشتە يادىكار، يامۇنداق نۇقسان - يېتىشىسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئى. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ كىتاپخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى سەمىمى قارشى ئالىمەن.